# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلىرى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، جەمئىيەت دىققەت قىلىۋاتقان بىر تۈركۈم نۇقتىلىق، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدۇق. ۋەكىللەر يىغىن يېپىق مەزگىلدە تاپشۇرغان 400دىن ئارتۇق تەۋسىيەنى 98 بېجىرگۈچى ئورۇننىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرۇپ، تاپشۇرۇۋالغان ھامان بېجىرىش، بىرمۇبىر ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرىنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇش ـ ماسلاشتۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پىكىر ئەڭ مەركەزلەشكەن، ئىنكاس ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنىڭ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان، ئەل قەلبىنى ئىللىتىدىغان سىياسەت ـ تەدبىرلەرگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدۇق.

دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇردۇق. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر 439 ۋەكىل بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ، سۆھبەتلىشىش، زىيارەت قىلىش، تېلېفون، پوچتا يوللانمىسى، ئۈندىدار، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتنىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ۋەكىللەرنىڭ دائىمىي كومىتېت خىزمىتىگە چوڭقۇر قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، 175 ئادەم قېتىم ۋەكىلنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدۇق، ئىككى قېتىم سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىللەر سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق. مەخسۇس كومىتېتلار ۋەكىللەر بىلەن نىشانلىق ئالاقە باغلاش مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، 500 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ۋەكىل قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، پىلان ۋە خامچوتنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتى. مۇھىم قانۇن لايىھەسىدە ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، 214 ۋەكىل ئوتتۇرىغا قويغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تاماكا چېكىشنى تىزگىنلەش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلدۇق. قانۇن چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسىدىن ئالتىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، ئاساسىي قاتلام خامچوتىنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش ئالاقە نۇقتىسىدىن بەشنى يېڭىدىن تەسىس قىلىپ، ۋەكىللەر ۋە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدىغان «ئۇدۇل يول» بەرپا قىلدۇق.

ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇردۇق. ۋەكىللەرنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول بولدى، بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ۋەكىللەر خىزمىتىدىكى بىر يارقىن نۇقتا. ۋەكىللەر زىيارەت قىلىش، سۆھبەتلىشىش، ئەسلىي سايلىغۇچى ئورۇنغا قايتىپ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى پائالىيىتىگە قاتنىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاممىنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى. دائىمىي كومىتېتنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تەخمىنەن 1800 ئادەم قېتىم ۋەكىل مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈش، مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، بىر تۈركۈم مۇھىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يېقىن ئەتراپتىكى ۋەكىللەر ئالاقە پونكىتى، ۋەكىللەر ئائىلىسى پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالىنىش، تۇرالغۇ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئاممىنىڭ تەلىپىنى ئىنكاس قىلىش، خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاكتىپ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇردى.

ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تور شۆبىۋەنى قۇرۇپ، ۋەكىللەر ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلەشنىڭ يېڭى يولى بىلەن تەمىنلىدى. خەلق قۇرۇلتىيى تارىخى، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش بىلىملىرى، ۋەكىللەرنىڭ سالاپىتى قاتارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خاسلىقىغا ئىگە مەخسۇس سەھىپىلەرنى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەش دەرسلىكىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇردۇق، ھازىرغا قەدەر دەرسلىكنىڭ چېكىلىپ قويۇلۇش ئومۇمىي مىقدارى 830 مىڭ قېتىمغا يەتتى. ئۈچ قارار تور سىنلىق ئۆگىنىش كۇرسى ۋە ئىككى قارار تور ئىچى ـ سىرتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ۋەكىللەر ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتۇق، ۋەكىللەر ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 11 مىڭ ئادەم قېتىم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي سەۋىيەسى، قانۇن ـ سىياسەت سەۋىيەسى، كەسپىي بىلىم سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خەلق بىلەن ئالاقە باغلاش، خەلققە ۋەكىللىك قىلىش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش ئاڭلىقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئومۇمىيلىققا، ئورتاقلىققا، تىپىكلىككە ئىگە مەسىلىلەرنى پائال بايقاپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، قانۇن، تۈزۈم، سىياسەت جەھەتتىن ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشىلىدۇق. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىش خىزمەت قائىدىسىنى تۈزۈپ، ۋەكىللەردىن كەلگەن 141 پارچە خەتنى بېجىرىشكە تاپشۇردۇق ۋە يوللىدۇق. تور ئەرزىيەت سۇپىسى ئېچىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، 24 مىڭ پارچە قېتىم تور ئەرزىيەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدۇق. دېموكراتىك قانۇن چىقىرىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئاممىدىن كەلگەن، ئەرزىيەتلەردە مەركەزلىك ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەر داۋامىدا ئىنكاس قايتۇردۇق.

**5. دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار خىزمىتىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇردۇق**

يۇقۇم تاشقى ئىشلار پائالىيىتىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، لېكىن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تاشقى ئالاقىسىنى توسۇپ قالالمىدى. دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ، تاشقى ئىشلار پائالىيىتىنىڭ شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەرقايسى قاتلاملار بويىچە 46 مەيدان ئىككى تەرەپ سىنلىق پائالىيەتنى ئۆتكۈزدۇق، 26 مەيدان سىنلىق يىغىنغا قاتناشتۇق، 15 قېتىم تېلېفون ئالاقىسى قىلدۇق، 27 مەيدان تور سىرتى تاشقى ئىشلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق، 600 پارچىگە يېقىن دىپلوماتىيە خەت ئالاقىسى قىلدۇق.

ئىككى تەرەپ دوستلۇق ئالاقىسىنى كۈچەيتتۇق. قاپلاش دائىرىسى كەڭ، شەكلى جانلىق بولۇش خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار خىزمىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن 130 دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 22 دۆلەت پارلامېنتى ۋە ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن قەرەللىك ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى ئورناتتۇق، 190گە يېقىن دۆلەت ۋە رايون پارلامېنتى بىلەن ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنى ساقلىدۇق. جۇڭگو ـ روسىيە پارلامېنت ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق يىغىنى، جۇڭگو ـ فرانسىيە پارلامېنت ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدۇق، موڭغۇلىيە دۆلەت قۇرۇلتىيى بىلەن قەرەللىك مېخانىزم بويىچە ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردۇق؛ ياپونىيە، كورېيە، لائوس، كامبودژا، ھىندونېزىيە، سىنگاپور، ئۆزبېكىستان، گېرمانىيە، كېنىيە قاتارلىق دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سىنلىق كۆرۈشتۇق، قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۈلگە ئېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتلەر ئارا ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى نۇقتىسىدىن دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ چىقاردۇق. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنى ماقۇللانغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىككى تەرەپ دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى نامىدا 93 دۆلەت پارلامېنتى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىغا 106 پارچە خەت ئەۋەتىپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ مەيدانىنى شەرھلەپ، كەڭ چۈشىنىش ۋە قوللاشقا ئېرىشتۇق.

كۆپ تەرەپلىك ئالاقە ۋە ھەمكارلىققا تۈرتكە بولدۇق. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى چۆرىدەپ، لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر پارلامېنتى بىلەن سىياسەتتە پىكىرلىشىش ۋە قانۇن چىقىرىشتا ئالاقىنى كۈچەيتتۇق. 5 ـ قېتىملىق دۇنيا پارلامېنت باشلىقلىرى يىغىنى، 6 ـ نۆۋەتلىك كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى پارلامېنت مۇنبىرى قاتارلىق سىنلىق يىغىنلارغا قاتناشتۇق، ھەرقايسى دۆلەتلەر پارلامېنتى ئىتتىپاقى، پارلامېنت دۇنيا سودا يىغىنىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى، ئاسىيا پارلامېنت يىغىنى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلار ئارا يىغىنى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇق، «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى»، «خەلقنى مەركەز قىلىش»، «ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش» قاتارلىق تەشەببۇسلارنى كۆپ تەرەپلىك يىغىن ھۆججەتلىرىگە كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمىلىكنى قەتئىي قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا سىستېمىنى، خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قەتئىي قوغدىدۇق.

جۇڭگونىڭ يولى ۋە تۈزۈمىنى سىرتقا تەشۋىق قىلدۇق ۋە تونۇشتۇردۇق. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى پائال تەشۋىق قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە دۇنياغا قوشقان تۆھپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشتۇردۇق. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى تونۇشتۇردۇق. جۇڭگونىڭ خەلق ھەممىدىن ئەلا، ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئىدىيەسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسى ۋە ئۇسۇلىدىن تەڭ بەھرىلەندۇق. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىنگلىزچە تور بېكىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى ياخشى چىقىرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۈنۈمىنى نامايان قىلدۇق.

دۆلەت مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدىدۇق. دائىمىي كومىتېتنىڭ باياناتچىسى، تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى، قانۇن خىزمىتى كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىزاڭ، شىنجاڭ، شياڭگاڭ، تەيۋەنگە چېتىشلىق مەسىلىلەر ۋە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىدە جۇڭگونىڭ مەيدانىنى ئېنىق شەرھلىدۇق. خەلق قۇرۇلتىيى خەلقنىڭ قۇرۇلتىيى. ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا، پارتىيە ۋە دۆلەت، خەلق ئېھتىياجلىق بولسىلا، خەلق قۇرۇلتىيى قىلچە ئىككىلەنمەستىن بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ، قانۇن، سىياسىي، دىپلوماتىيە كۈرىشى قىلىپ، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك سىياسىي مەسئۇلىيەتنى چوقۇم يەلكىسىگە ئالىدۇ.

**6. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق**

سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك بولۇش، قانۇنچىللىقنى ھۆرمەتلەش، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن تۈرلۈك مەسئۇلىيەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك زىممىسىگە ئالىدىغان خىزمەت ئورگىنى، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان ۋاكالەت ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتۇق.

ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتتۇق. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يەتتە قېتىم دائىمىي كومىتېت پارتگورۇپپا كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردۇق، ئالتە قېتىم دائىمىي كومىتېت مەخسۇس لېكسىيەسى ئۇيۇشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مەركەزنىڭ يىغىنى، ھۆججىتىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا يەتكۈزدۇق ۋە ئۆگەندۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەلىرىنى ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى، 26 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا ئالاقىدار بىلىملەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، قانۇنچىللىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق.

دائىمىي كومىتېتنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق. 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قەرەللىك يىغىنى ۋە باشقا مۇھىم يىغىنلىرىنىڭ يىغىن ئۇسلۇبىنى ياخشىلاش كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتۇق. كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر قېتىملىق يىغىن، ھەربىر تەكلىپ، ھەربىر ئىشنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. ئىخچام، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، يىغىن كۈنتەرتىپىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىغىن ۋاقتىنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، يىغىن تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، قاراپ چىقىش سۈپىتىنى ئۆستۈردۇق. دائىمىي كومىتېت سەككىز قېتىم يىغىن ئاچتى، يىغىنغا قاتنىشىش ئوتتۇرىچە نىسبىتى %97تىن، سىرتتىن قاتناشقۇچىلارنىڭ يىغىنغا كېلىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان قانۇن، چىقارغان قارارلاردا پارتىيەنىڭ تەشەببۇسى ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدۇق.

مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق. مەخسۇس كومىتېت شۆبە پارتگورۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، شۆبە پارتگورۇپپىلارنىڭ خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتۇق. ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار جەمئىي 152 قېتىم يىغىن ئېچىپ، قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرىنى بېجىرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تاماملىدى. باشلامچىلىق بىلەن 13 قانۇن لايىھەسىنى تەييارلىدى ھەممىدە قانۇن بويىچە قاراپ چىقىشقا سۇندى. باشقا دۆلەت ئورگانلىرى مەسئۇل بولۇپ تەييارلايدىغان قانۇن لايىھەلىرىگە ئالدىن تۇتۇش قىلىپ، ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى. دائىمىي كومىتېتنىڭ ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملەشتى. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى سىجىل ئىز قوغلاپ نازارەت قىلدى.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق. پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى تەشۋىق ـ تەربىيە ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى ياخشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆزىتىشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، 137 تۈرلۈك ئورگان تۈزۈمىنى رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرىنى تۈزۈم ئارقىلىق مۇستەھكەملەپ، ئورگان ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۇق. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، «چىراغ تۆۋى قاراڭغۇ» بولۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەتتۇق. مەركەزنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كۆزىتىش ۋە كۆزىتىشتە بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى پۇرسەت بىلىپ، مەسلىھەت بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى قانائەتلەندۈرىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇپ چىقتۇق.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاممىۋى پىكىر تەشۋىقاتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىدۇق. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى پائال تەتقىق قىلىپ، شەرھلەپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا خەۋەر قىلىپ، «ۋەكىللەر يولى»، «مىنىستىرلار يولى» ئارقىلىق مەركەزلىك زىيارەت قىلىش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ باردۇق. ۋەكىللەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى مەسئۇلىيىتىنى دادىل ئادا قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگو ھېكايىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ھېكايىسى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلىدۇق.

ۋەكىللەر!

دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ تۈپ نېگىزى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر، مەخسۇس كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىكى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى دادىل ۋە تولۇق ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، گوۋۇيۈەن، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ زىچ ماسلىشىپ، زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىپ، تولۇق ئىشەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدە يەنە بەزى پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەر بار، بۇلار ئاساسلىقى: قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، قانۇن چىقىرىش شەكلى دېگەندەك مول ئەمەس، بەزى ساھەلەردىكى قانۇنلار يېڭى دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلەپلەرگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، نازارەت قىلىش شەكلى ۋە خىزمەت مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ۋەكىللەرگە مۇلازىمەت قىلىش تونۇشىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. دائىمىي كومىتېتىمىز ۋەكىللەر ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىدۇ.

ۋەكىللەر!

مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچى ئورنى تۇرغۇزۇلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ ۋە مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ۋە قوللانما بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيەت مەزمۇنىنى بېيىتتى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ نامايان قىلدى. يېڭى كۆرەش مۇساپىسىدە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈملۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق، دۆلەت، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى خەلقنىڭ قولىدا چىڭ تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگۇەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن